# دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ـ قالدۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق تۆۋەندىكى باش ئەلچىلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ـ قالدۇردى:

بىرىنچى، لۇ فەننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىسپانىيە پادىشاھلىقىدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك، قوشۇمچە ئاندوررا كىنەزلىكىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛ ۋۇ خەيتاۋنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىسپانىيە پادىشاھلىقىدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە، قوشۇمچە ئاندوررا كىنەزلىكىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئىككىنچى، تاڭ سۇڭگېننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كىرىباتى جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

# سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، دىققەت مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ تۈزىتىش تەلىپىگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قانات يايدۇرۇلۇپ، تۈزىتىش يۆنىلىشى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتى چىڭىتىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىدىكى ئالاقىدار يولداشلار يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، يىغىندىن ئىلگىرى مەخسۇس لايىھە تۈزدى، ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسى ئەزالىرى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىدا كوللېكتىپ ئۆگىنىش ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگەندى، قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەگە چوڭقۇر چۆكۈپ نەق مەيداندا جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، سىردىشىش، سۆزلىشىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەڭ پىكىر ـ تەكلىپ ئالدى. مۇشۇ ئاساستا، ساقلانغان مەسىلىلەر، ئاساسلىق يېتەرسىزلىكلەر ۋە ئاجىز ھالقىلار ئۈستىدە چوڭقۇر قايتا ئويلىنىپ، سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى ئەستايىدىل يېزىپ، تۈزىتىش يۆنىلىشى ۋە تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

يىغىندا شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى بەنزىسىگە ۋاكالىتەن سېلىشتۇرۇپ تەكشۈردى، ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسى ئەزالىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈردى. كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى چوڭقۇر بولدى، مەسىلىلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا ئېلىپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى توغرا تېپىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئىدىيىۋى ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتتى.

شۆھرەت زاكىر خۇلاسە سۆزىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەقىقىي تۈردە سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قەتئىي تۈردە مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تۈزىتىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، نىشان ـ ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەر، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاشنى تېزلىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى تۈرلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى يەنە يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. كادىرلار ئىستىلىنى پۇختا تۇتۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى توسۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قەتئىي قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

# مەخسۇس كومىتېتلار خىزمىتىنىڭ مەخسۇسلىشىشى، ئەمەلىي بولۇشى، كۈچلۈك بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغان 65 يىلدىن بۇيان، سىياسىي كېڭەش مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتى، خادىملىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، خىزمەت قاتلىمى تەدرىجىي ئۆستى، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئۇسۇلى تەدرىجىي قېلىپلاشتى، ئىچكى تۈزۈم قۇرۇلۇشى تەدرىجىي تاكامۇللاشتى. بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مەخسۇس كومىتېتلار خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەخسۇس كومىتېتلار خىزمىتىدە نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشتا يېڭى يەنىمۇ كۈچىيىش بولۇشى، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا يېڭى كۈچەيتىش بولۇشى، مۇلازىمەت سەۋىيەسىدە يېڭى ئۆسۈش بولۇشى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى كېڭىشىش، مۇھاكىمە قىلىشتا يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى توغرا يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىشى، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىشى، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. بۇرچ، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دىققەتنى «مەخسۇس» بولۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، «مەخسۇس» بولۇش ئىقتىدارىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەخسۇس كومىتېتلار خىزمىتىنىڭ مەخسۇسلىشىشى، ئەمەلىي بولۇشى، كۈچلۈك بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي قۇرۇلۇشىدا يېڭى يۈكسىلىش بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش؛ كېڭىشىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ كېڭىشىشنى ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىشىغا تۈرتكە بولۇش؛ قوش يۆنىلىشلىك كۈچەيتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەڭ زور چەكتە كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەش، كۈچ توپلاش؛ ئەزالارغا مۇلازىمەت قىلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەزالارنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى، رولىنى جارى قىلدۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ خىزمەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ خىزمەت سۈپىتى ۋە نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش؛ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ ئۆز فۇنكسىيەسىنىڭ ئورنىنى بېكىتىشنى چىڭ كۆزلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى نامايان قىلىش، ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئۆز خاسلىقىنى نامايان قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيە رەھبەرلىكىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، مەخسۇس كومىتېتلار خىزمىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يۇقىرى ساپالىق، كەسپىيلەشكەن مەخسۇس كومىتېت كادىرلار قوشۇنى بەرپا قىلىپ، تىرىشىپ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدىكى كەسپ ماھىرى، ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىدىكى مەسلىھەتچى، ياردەمچى بولۇش كېرەك. ئومۇمىي ئۈنۈم ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ نۇقتىلىق خىزمەتلىرىنى چۆرىدەپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ نەتىجىسىنى نامايان قىلىش كېرەك.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تەكلىپ كومىتېتى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش قاتارلىقلاردىكى يەتتە يولداش پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جېنشەن، جۈرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇتەللىپ ئوبۇل، كۇڭ شىڭلۇڭ، ياڭ يۇڭ، ئىلھام سابىر، ما شيۇڭچېڭ، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى، مۇئاۋىن رەئىس دۇ ۋېنگۈي، چيۇ شۇخۇا شۆبە يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

# تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئىنتىلىشى بار بولدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

### ئىككى شىركەتنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولدى

2019 ـ يىلى، تۇرسۇن ئاقسۇ شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، خوتۇنى بىلەن بىللە بىر ئېلان شىركىتى ۋە بىر ئويۇن قويۇش شىركىتىنى باشقۇردى. ئېلان شىركىتىدە توققۇز خىزمەتچى، ئويۇن قويۇش شىركىتىدە 12 ئارتىس بار بولۇپ، كەسپ دائىرىسى تام ئېلانى، پۈركۈپ سىزىش، ئېلان تاختىسى، ئېلان، سودا ئويۇنى قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. تۇرسۇن سىرت بىلەن ئالاقىلىشىشقا مەسئۇل، خوتۇنى شىركەتنىڭ مالىيەسىنى باشقۇرىدىغان بولۇپ، ئىككىسى ياخشى ماسلاشتى.

«يۇقۇم سەۋەبىدىن، بىز ئىككى ئاي بىكار بوپقالدۇق، كەسپىمىز بىرئاز تەسىرگە ئۇچرىدى، شۇ چاغدا ناھايىتى تىت ـ تىت بولدۇق. ھازىر ھەر ساھە، ھەر كەسپلەردە ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلدى، بىزمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق.» تۇرسۇن مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: شىركىتىمىزدە ئىش ئەسلىگە كېلىپلا كەسپلەر خېلى كۆپەيدى، ئۇدا نەچچە چوڭ زاكازنى قوبۇل قىلدۇق، خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپات پۇلىدىن غەم قىلمايدىغان بولدۇق.

بۇنىڭدىن باشقا، ئېلان شىركىتىنىڭ نامىدا ئىككى كۆچمە ئېلان ئاپتوموبىلى بار بولۇپ، ھەر كۈنى سائەت بويىچە ھەق ئېلىپ ئىجارىگە بېرىلىدۇ، پايدىسىمۇ ناھايىتى كۆرۈنەرلىك. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا، ئىككى شىركەتنىڭ ھېساباتىغا يۈز نەچچە مىڭ يۈەن پۇل كىردى.

ئالدىنقى ئىككى كۈندە، مەھەللە كادىرلىرى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ياردەملىشىپ ھەل قىلىپ بېرىشقا تېگىشلىك قىيىنچىلىقنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. بۇنىڭدىن تۇرسۇن ئىنتايىن مىننەتدار بولۇپ: «مەھەللە كادىرلىرىنىڭ خىزمىتى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، يەنە بىزنى ھەر ۋاقىت ئويلاپ تۇرىدۇ» دېدى.

«شىركىتىمىز ئالدىنقى بىر مەزگىلدە يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېلىپ چىققان زىياننىڭ ھەممىسىنى ھازىر قايتۇرۇپ كەلدى.» تۇرسۇن مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىگە ئالاھىدە رەھمەت، مەن ھازىرقى تۇرمۇشۇمنى قەدىرلەپ، ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ شىركەتنى زورايتىمەن».

### ئىلگىرىكى ئويلىرى تولىمۇ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنىدى

تۇرسۇننىڭ كىشىلىك ھايات كەچۈرمىشى ناھايىتى ئەگرى ـ توقاي بولدى. ئىنىسىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا توغرا كېلەتتى، تۇرسۇن سىرتتا بىر نەچچە يىل ئىشلىگەندىن كېيىن ئىستېپا بېرىپ ئاقسۇ شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، بىر ئېلان شىركىتى ئاچتى.

كەسپىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ تونۇيدىغان كىشىلەرمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. بەزى «دوست»لىرى ئۇنىڭغا: سېنىڭ ھازىر بەزى «ئەھمىيەتلىك» ئىشلارنى قىلىش شارائىتىڭ بار، ھازىر نۇرغۇن ئادەم نېمىنىڭ «ھەقىقىي مۇسۇلمان»، نېمىنىڭ «ھەقىقىي مۇسۇلمانچە» ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، سەن بارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ كۆپچىلىككە ئېيتىشىڭ كېرەك، دېدى.

«دوست»لىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تۇرسۇن ئىشلىگەن ئېلان تاختىلىرى، لايىھەلىگەن ئېلان تەشۋىقات ۋەرەقلىرىگە ئەسەبىي ئىدىيە سىڭگەن بىر قىسىم مەزمۇنلارنى قوشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى «دوست»لىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، مەھەللە كادىرلىرى ئۇنىڭدىن ئەھۋال ئىگىلىگەندە، ئۇ بىلمەس بولۇۋالدى.

خوتۇنى مەريەم سايىم ناھايىتى خاتىرجەمسىزلىنىپ، ئۇنىڭغا: بۇنداق قىلىش جىنايەت ئۈنسۇرلىرىنى قانات ئاستىغا ئالغانلىق، شۇنداقلا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك، دېدى. خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تۇرسۇن مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، تۇرسۇن كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە قاتنىشىشنى قارار قىلدى.

تۇرسۇن مۇنداق دېدى: ئىلگىرى سودا قىلىش بىلەن ئالدىراش يۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە دىققەت قىلمايتتىم، پەقەتلا چۈشەنمەيتتىم. تەربىيەلەش مەركىزىدە ئۆگىنىۋاتقان كۈنلەردە، تۇرسۇن قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەتلەرنى ئۆگەندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مەركەزنىڭ شىنجاڭغا قىلغان غەمخورلۇقى، كۆپلىگەن ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭنى قوللىغانلىقى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت چىقارغان تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ھەم پۇقرالار ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشلىرىنى بىلىپ يەتتى.

«مەن ئىنتايىن ھاياجانلاندىم.» تۇرسۇن مۇنداق دېدى: ئۆگەنگەندىن كېيىن ئاندىن پۇقرالارنىڭ مۇشۇنچىۋالا كۆپ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىدىن بەھرىلەنگەنلىكىنى بىلدىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۆزۈمنىڭ ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن يۇقۇملانغانلىقىمنى، ئىلگىرىكى ئويلىرىم ۋە قىلغانلىرىمنىڭ تولىمۇ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، تار دائىرىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

### پۈتۈنلەي يېڭى كىشىلىك ھايات نىشانى بار بولدى

ھازىر، تۇرسۇن زېھنىنى شىركەتنىڭ كەسپىنى كېڭەيتىشكە قاراتتى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، شىركەت ئىش باشلىمىدى، تۇرسۇن ئۆيىدە ئالاقە توردا كەسپىنى قانداق كېڭەيتىش ئۈستىدە ئىزچىل تەتقىق قىلدى. ئىش ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئېلان شىركىتىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى قوش تىل APPسى ناھايىتى تېزلا توردا چىقىرىلدى، خېرىدارلارنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى ياخشى بولدى.

«ھازىر تور ناھايىتى تەرەققىي قىلدى، پەقەت قەغەزگە تايىنىپلا تارقىتىش سودىگەرلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ئاللىقاچان قاندۇرغىلى بولمايدىغان بولدى.» تۇرسۇن مۇنداق دېدى: شىركەت خېرىدارلار ئۈچۈن ئېلان تەشۋىقات ۋەرەقىسى تۈزۈشتە لايىھەلەش، تۈزۈش، بەت ياساش، بېسىشقىچە ئەڭ تېز بولغاندا بەش كۈن ۋاقىت كېتەتتى، APPدا تۈزگەندە، شۇ كۈنىلا ئېلان قىلغىلى بولىدۇ، ئەۋزەللىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىن خېلىلا زور. ھازىر شىركەت ئىشلىگەن ئېلانلارنىڭ ھەممىسى توردا، تور سىرتىدا بىرلا ۋاقىتتا چىقىرىلىدۇ، خېرىدارلارمۇ ناھايىتى ئېتىراپ قىلدى، «بۇ APPدا ئەزالىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، تورغا چىقىرىلىپ بىر ئاي بولمايلا، 200دىن ئارتۇق ئەزانى جەلپ قىلدى.» ئۇنىڭ توردىكى تاراتقۇ شىركىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشتى.

«تەربىيەلەش مەركىزىدىكى ئۆگىنىش، تۇرمۇش كىشىلىك ھاياتىمنى پۈتۈنلەي يېڭى نىشانغا ئىگە قىلدى» دېدى تۇرسۇن. كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە، مەيلى خىزمەت ياكى ئۆگىنىش بولسۇن، ئوقۇتقۇچىلار تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھالىدىن ئەتراپلىق خەۋەر ئالدى، بۇنىڭدىن تۇرسۇن چىن قەلبىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇ خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن شىركەتنىڭ كەسپىنى ياخشى قىلىپلا قالماي، يەنە تىرىشىپ جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرماقچى بولدى.

ئۇ خوتۇنىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ھەرقايسى مىللەتلەر بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ تەرەققىياتنى كۆزلەش، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ھېكايىلىرى قاتارلىقلارنى ئويۇن قويۇش شىركىتىنىڭ نومۇرلىرىغا كىرگۈزۈپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىگە چۈشەندۈرۈش ۋە پىششىق بىلدۈرۈش تەكلىپىنى بەردى.

تۇرسۇن يەنە خوتۇنى بىلەن بىللە پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى يېزىپ، تەنتەنىلىك ھالدا مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسىغا تاپشۇردى. «ئادەم پەقەت پۇل تاپسىلا بولمايدۇ، يەنە تېخىمۇ يۇقىرى ئىنتىلىشى بولۇشى كېرەك» دېدى تۇرسۇن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)